# پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىشى ۋە ھالاك بولۇشى

بۇرھان شەھىدى

## پانئىسلامىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

پانئىسلامىزم بىر خىل ئەكسىيەتچىل دىنىي مەسلەك، ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ مەقسىتى تۈركىيە سۇلتانى قوشۇمچە دىنىي داھىسى — خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى دۆلەت ۋە خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ تۈركىيە دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1914 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە بولغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىنى پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانىدى. شۇ چاغلاردا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستاندىكى بىر دىنىي يولباشچى — ئاغاخان ئارقىلىق، پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيىنى، ئافغانىستاننى، ئىراننى، مىسىرنى ۋە فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى تامامەن ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالماقچى بولغان. گېرمانىيە جاھانگىرلىكى بولسا تۈركىيە ئارقىلىق، پانئىسلامىزمدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرماقچى ھەم ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولغان.

## پانتۈركىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ قىسقىچە جەريانى

پانتۈركىزمنى XX ئەسىردە تۈركىيە مىللەتچىلىرى ياراتقان. ئۇنىڭ مەقسىتى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، پانتۈرك دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. پانتۈركىزمچىلەر: ۋەتىنىمىز تۈركىيىلا ئەمەس، تۈركىيلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈركىستانمۇ ۋەتەن ئەمەس، ۋەتەن كەڭ، بىرلىككە كەلگەن تۇراندۇر، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۈركىيىگىچە بولغان كەڭ رايوننىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، دەپ كاپىشىيتتى. ئەينى ۋاقىتتا چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى

ئاستىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان. 1917 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۈركىيە ئارقىلىق ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، ئەنگلىيە بىلەن مۇستەملىكە تالاشماقچى بولغانىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يۈز بەردى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بېسىۋالدى، ئۇ تۈركىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ قويىنغا ئۆزىنى ئاتقان سابىق دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرى ئەنۋەر پاشا ئارقىلىق 20 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنى قوراللاندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېتكە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى 1926 - يىلى ئاران يوقاتتى. ئەمما پانتۈركىزم ئىدىيىسى مەلۇم دائىرىدە ۋە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كېلىۋەردى.

## بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمنىڭ ۋە پانتۈركىزمنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن بۇيان، تۈركىيىمۇ، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىمۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىمۇ، ياپون جاھانگىرلىكىمۇ پانئىسلامىزم ۋە

---

قىسقىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتاب ھەممەيلەننىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدا يېتەرسىزلىكلەر يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى يولداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر قورال: تارىخ ساۋاتى كەمچىل بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ سەگىتكۈچ دورا، ئۇ كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ نىقابىنى ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەن مۇشۇ مەقسەتتە بۇ كىتابنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردۇم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم)

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.

پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركىيە شىنجاڭغا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋە دىنىي كىشىلەرنى ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى بولۇشىچە تەشۋىق قىلدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، يەكەندىكى سانائەت شىركىتىدە ياقۇپبەگ ئىسىملىك ئاتالمىش بىر مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۇ 1916 - يىلىدىن باشلاپ بىر مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭدا پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلغان. قەشقەردىكى باۋۇدۇن-باي (چوڭ سودىگەر) تۈركىيىدىن ئەھمەت كامال ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئاتۇشتا بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، پانتۈركىزم بىلەن پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەھمەت كامال قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل قاماقتا يېتىپ، 1919 - يىلى شاڭخەي ئارقىلىق مەملىكىتىگە قايتۇرۇلغان. ئەمما ئۇنىڭ قەشقەردە يوشۇرۇن ئۇيۇش-تۇرغان پانتۈركىزم تەشكىلاتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

1910 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە، شىنجاڭدىكى بەزى بۇرژۇئا ئەرباپلىرىمۇ تۈركىيىگە خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىلىدىن بارغانلار ئىچىدە مەسئۇد سەبرى (1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان)، ئابدۇرەخمان شادى، سابىت تەلئەت بار ئىدى؛ قەشقەردىن بارغانلار ئىچىدە ئابدۇقادىر سامانى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تۈركىيىدە پانتۈركىزمچى تەشكىلاتلارغا قاتناشقان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا، ئۇلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىپ، گېرما-نىيىنىڭ مۇستەملىكە تارتىۋېلىشى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان. ئۇلار: نېمىس پادىشاھى ۋىلھېلم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئېتى-قادچىلىرىنى قوغدايدىغان كىشى، ئۇ تۈركىيىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دېگەن. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىچىدىمۇ بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا، گېرمانىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى فېڭ ھېندىكمۇ قەشقەرگە كېلىپ بىر قۇر تەشۋىق قىلغان. مەسئۇد تۈركىيىدە دوختۇر-لۇقنى ئوقۇغان، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدا بىر دوختۇرخانا ئاچقان، خەقنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پانتۈر-كىزمنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا، يەنە بىر نەچچە تۈركنى بىللە ئېلىپ كەلگەن، بۇ بىر نەچچە ئادەم ئىلىدا مەكتەپ ئېچىپ، «ئەجدادىمىز تۈركدۇر، ۋەتىنىمىز تۈركىيەدۇر!» دەيدىغان بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،

بالىلارغا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئىككى خىل مەكتەپ بار ئىدى، بىرى ئۇسۇلى قەدىم دەپ ئاتىلىدىغان كونىچە دىنىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىسلام دىنىغا دائىر كىتابلارلا، مەسىلەن، نامازنى قانداق ئوقۇش توغرىسىدىكى كىتابلارلا ئوقۇتۇلاتتى؛ يەنە بىرى ئۇسۇلى جەدىت دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا دىن دەرسىدىن باشقا، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلاتتى. پانئىسلامىزمچىلار ئاساسەن كونىچە مەكتەپلەردىن پايدىلىناتتى، پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ئاساسلىق بازىسى يېڭىچە مەكتەپلەردە ئىدى. ئاخۇنلار يېڭىچە مەكتەپلەرگە پات - پات كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى. ئۆتمۈشتە شىنجاڭدىكى بارلىق مەكتەپلەردە تۈركچە شېئىر ئوقۇلاتتى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستانغا سوۋېتنىڭ تەسىرى كىرىپ قالمىسۇن دەپ، شىنجاڭدا بىر ئايرىلىق دۆلەت قۇرماقچى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ پانئىسلامىزمىدىن ۋە پانتۈركىزمىدىن پايدىلاندى. ئۇ تۈركىيە ئارقىلىق، شامى دامولla (ئەرەب) ئىسىملىك بىر كىشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلام جەمئىيىتى نامىلىق يوشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. ئۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانلار 3 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، كۆپچىلىكى بۇرژۇئازلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شامى دامولىنى شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭ زېڭشىن تۇتۇۋېلىپ، چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما شامى دامولىنىڭ تارقاتقان گەپ - سۆزلىرى شىنجاڭغا يەنىلا زىيان يەتكۈزدى. شامى دامولىنىڭ كېرىمخان ئەيسازادە ئىسىملىك بىر تالىپى شىنجاڭدا 1932 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە يۈز بەرگەن توپىلاڭدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئىمىن بۇغرا دېيىدىغان يەنە بىر پانئىسلامىزمچى 1932 - يىلى خوتەن توپىلىڭىدا بىر ئىسلام خانلىقى قۇردى ۋە ئۆزىنى خوتەن شاھى دەپ ئاتىدى، شۇنداقلا ئەمىر (پادىشاھ) I دەپ جاكارلىدى. 1931 - يىلى خوجانىيازنىڭ قۇمۇل ۋاڭ خوجىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلىڭى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى. 1933 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەردى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قەشقەردىكى سابىت داموللا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، خوجانىيازنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىدى، سابىت دامولىنىڭ ئۆزى بولسا زۇڭلى بولدى. ئۇلار يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئارقىلىق،

مەھمۇت نەدىم باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە تۈرك ھەربىي مۇئەللىمىنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ چاغدا ياپون جاھانگىرلىكمۇ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەتنى قۇرۇپ، شىنجاڭنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تالاشماقچى بولدى. ياپونىيە تەربىيىلىگەن ئوفىتسېر ماجۇڭيىڭ 1932 - يىلى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شىنجاڭغا كىردى. ياپون جاھانگىرلىكى شىنجاڭنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ سابىق پادىشاھىنىڭ ئىنىسى ئابدۇماخايىت ئابىتنى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى سابىت داموللىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەنلىكتىن، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا چىقتى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك چۈمپەردىسىگە ئورىنىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ھىمايىسىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋېلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى بىتچىت قىلدى. ماخۇسەن ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ خوتەنگە بېرىۋالدى. ئىمىن بۇغرانىڭ ساقتا ئىسلام خانلىقىمۇ يىمىرىلدى. شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە كىرىپ، سابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ، خوجا نىيازنى تەسلىم قىلدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» قۇرۇش سۇيىقەستىمۇ بىتچىت بولدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوينىغا ئاتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن، نائىلاج تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشتى. 1942 - يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ «تەرەققىيپەرۋەرلىك» چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى - دە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن 150 نەچچە كىشىنى پۈتۈنلەي قاماققا ئالدى، شۇنىڭدەك كېيىن، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇدىن ئىبارەت ئۈچ يولداشنى ۋە باشقا نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى شۇنىڭدەك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قىردى. 1944 - يىلى، جياڭ جيېشى شېڭشىسەينى چۇڭچىڭغا چاقىرتىپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىننى ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن

شىنجاڭ پۈتۈنلەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىمۇ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمدىن پايدىلاندى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چىڭخەيدىكى مابۇفاڭچى جۇنجاڭ ماچېڭشياڭنىڭ خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئۈرۈمچىگە ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئەۋەتتى ھەمدە 1933 - يىلى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئىشقا سالغىلى تۇردى. مەسىلەن، مەسئۇد بىلەن ئەيسا بەگ ھىندىستان ئارقىلىق چۆچەككە كېلىۋىدى، مەسئۇدقا دۆلەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىنى بەردى؛ ھىندىستانغا، ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكىلى ئون يىل بولغان ئىمىن بۇغرا چۆچەككە كېلىۋىدى، ئۇنىڭغا تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇقادىر شامانىغىمۇ ۋەزىپە بەردى. ئەسلىدە، جياڭ جيېشى مەسئۇد، ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىقلارغا ئانچە ئىشەنمەيتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىشلىرىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى چۆچەكتىلا ۋەزىپىگە قويۇش بىلەن قالماي، شىنجاڭغىمۇ ئەۋەتتى. بۇ كىشىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. 1946 - يىلى، مەسئۇد ئىلىغا بېرىپ، ئاتالمىش ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇپ، شۇ ئىلمىي جەمئىيەت ئارقىلىق پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى تەشۋىقاتنى ئېلىپ بارغان.

2. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېكستۇنمۇ ئىلىغا بىر قېتىم بارغان. ئۇ ئىلىدىكى ئاق ئورۇسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، باندىت ئوسمانغا ياردەملەشتۈرگەن.

3. ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچى دىنىي كىشىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى قوغداش جەمئىيىتى قۇرغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.

4. ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىدىغان «ئالتاي» نەشرىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

5. مەسئۇد باشچىلىقىدا «دەرنەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمئىيەت قۇرغان، ئۇلار ھەر بىر يەكشەنبە كۈنى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلغان.

6. ياشلار ئارىسىدا پانئىسلامىزمنى ۋە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى قۇرغان ۋە كونترول قىلغان.

7. تۈركىيىدە ئوقۇغان پانتۈركىزمچى قۇربان قوداي ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن «يالقۇن» گېزىتى چىقىرىپ، پانئىسلامىزمنى، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا، خەلقنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

8. ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئېرك» گېزىتىدە: بىز مىللەتچىلەرمىز، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز، ۋەتىنىمىز ھەم يۇرتىمىز تۈركىستان دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر كۆچەپ تەشۋىق قىلىنغان. ئۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ، شىنجاڭدا «مۇستەقىل» «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش قەستىدە بولغان.

9. گومىنداڭنىڭ ئەنجىڭدىكى ئىشپىيونلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، بەزى كىشىلەر «تىيانشان» ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇپ، مەسئۇد يازغان پانتۈركىزملىق پروگرامما خاراكتېرلىك بروشورا — «تۈرك ئۇرانى» (بىز تۈركلەرنىڭ شوئارى) دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل كىتابلارنى چىقارغان.

10. ئۈرۈمچىدە بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش ئۇيۇشمىسى» قۇرغان.

11. ئەيسا بەگ باشچىلىقىدا «تۈركىستان» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇرۇلغان، بۇ ئۆمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز دېگەننى بىلەن، ئەمەلىيەتتە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

12. مەسئۇد باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «تىل - يېزىق ئىسلاھاتى ھەيئىتى» شىنجاڭدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تۈركىيىنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت دەپ تەشۋىق قىلاتتى. مەسىلەن، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1948 - يىلىدىكى 297 - سانىغا ئىمىن بۇغرانىڭ بىر ماقالىسى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ بىر ئۇرۇقى، شۇنداقلا تۈركىيىلىكلەرمۇ

تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇرۇقى » دېيىلگەن.

13. ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا بەگ بىر كۈتۈپخانا ئېچىپ، ئۇنىڭغا تۈركىيىدىن، مىسىردىن پانئىسلام ۋە پانتۈركىزم تەشۋىق قىلىنىدىغان نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى ئەكىلىپ قويۇپ، ياش ئەۋلادلارنى زەھەرلىگەن.

14. قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەت خەلقىگە ئەكسىيەتچىل تەشۋىق قىلىپ، ھەرخىل ئاتالمىش جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، باندىت ئوسمانىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بەرگەن.

15. ماچېڭشياڭ بىلەن ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگلەر خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 1949 - يىلى تۇدۇنخابا رايونىدا (ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست پولات زاۋۇتى رايونىدا) يۈزدىن ئارتۇق ياشنى ھەربىي جەھەتتىن تەربىيىلىگەن ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان.

16. ئوسمان باندىت، جانىمقان، سىدىق زالىن، ئوراز بايلارنىڭ سۇيىقەستى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئوسمانىنىڭ ئوغلى شىردەمەن ئىلىدىكى رەخمانوف، ئېدرىس، مالىك ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يەنە قوتراپ ھەرىكەت قىلغان، ئۇلار بۇ ھەرىكىتىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىنىپ بولغىچە داۋاملاشتۇرغان.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پانئىسلامىزمچىلارمۇ، پانتۈركىزمچىلارمۇ ئوخشاشلا ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن غالچىلىق قىلاتتى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات ۋە ئەكسىيەتچى شەخسلەرگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ناھايىتى زور مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئۇلارنى بەربىر بىتچىت قىلدى. شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز لازىمكى، بۇ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنىڭ زەھەرلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تازىلاپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرى كېلىدۇ.

(ئەسلىدە «بۇرھان شەھىدى تاللانما ئەسەرلىرى» گە كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

تەرجىمە قىلغۇچى : زايىت رەھىم